شىنجاڭ گېزىتى

ᠰᠢᠨᠵᠢᠶᠠᠩ ᠡᠳᠦᠷ ᠦᠨ ᠰᠣᠨᠢᠨ — شىنجاڭ گازەتى — 新疆日报

2021 - يىل 3 - ئاي
2
سەيشەنبە
维吾尔文 3 月2日
25348 - سان
بۈگۈن 4 بەت

ئانار بۇلۇت تېرمىنالىنى چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65-0002/-W پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57 تىيانشان تورى: www.ts.cn

# شى جىنپىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا پولشا زۇڭتۇڭى دۇدا، تاجىكىستان زۇڭتۇڭى راخمان بىلەن تېلېفونلاشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كەچتە پولشا زۇڭتۇڭى دۇدا بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پولشا ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا رايونىدىكى چوڭ دۆلەت ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى مۇھىم ئەزا دۆلەت، شۇنداقلا جۇڭگو تەرەپنىڭ ياۋروپادىكى ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھى. جۇڭگو تەرەپ جۇڭگو - پولشا مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەزەلدىن يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈز بەرگەندىن كېيىن، جۇڭگو بىلەن پولشا ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، ئىشنى ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قاتارلىق

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## شى جىنپىڭ مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپى(دۆلەت مەمۇرىيەت شۆيۈەنى)نىڭ ئوتتۇرا ياش، ياش كادىرلارنى تەربىيەلەش كۇرسىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا مۇھىم سۆز قىلىپ مۇنداق تەكىتلىدى

# پارتىيەنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى ۋە ئېسىل ئىستىلىنىڭ سادىق ۋارىسلىرىدىن بولۇشقا ئىرادە تىكلەپ، يېڭى دەۋر، يېڭى مۇساپىدە باتۇرلۇق بىلەن ئالدىدا مېڭىپ، تۆھپە قوشۇپ نەتىجە يارىتىش كېرەك

### ۋاڭ خۇنىڭ قاتناشتى



3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، 2021 - يىللىق ئەتىياز پەسىللىك ئوقۇش مەۋسۇمى مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپى(دۆلەت مەمۇرىيەت شۆيۈەنى)نىڭ ئوتتۇرا ياش، ياش كادىرلارنى تەربىيەلەش كۇرسى مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇش باشلىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا مۇھىم سۆز قىلدى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى ۋاڭ يې فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تېلېگراممىسى** 2021 - يىلى ئەتىياز پەسىللىك ئوقۇش مەۋسۇمى مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپى(دۆلەت مەمۇرىيەت شۆيۈەنى)نىڭ ئوتتۇرا ياش، ياش كادىرلارنى تەربىيەلەش كۇرسى 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇش باشلىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا مۇھىم سۆز قىلىپ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: مەيلى ئىلگىرى، ھازىر ياكى كەلگۈسىدە بولسۇن، پارتىيەنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى ۋە ئېسىل ئىستىلىنىڭ ھەممىسى بىزنى قىيىنچىلىقتىن قورقماي، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشكە رىغبەتلەندۈرىدىغان قىممەتلىك مەنىۋى بايلىق. ياش كادىرلار پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ ئىزباسارلىرى، جەزمەن پارتىيەنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى ۋە ئېسىل ئىستىلىنىڭ سادىق ۋارىسلىرىدىن بولۇشقا ئىرادە تىكلەپ، ئىرادە كۈچى، چىدامچانلىق كۈچى، ئۆزىنى كونترول قىلىش كۈچىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردە ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىدە باتۇرلۇق بىلەن ئالدىدا مېڭىپ، تۆھپە قوشۇپ نەتىجە يارىتىپ، تىرىشىپ پارتىيەگە يۈز كېلەلەيدىغان، خەلققە يۈز كېلەلەيدىغان، دەۋرگە يۈز كېلەلەيدىغان نەتىجىلەرنى يارىتىشى كېرەك!

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ خۇنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيەمىز خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش، ئىسلاھاتتا ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى، بۇنىڭدا ئەڭ مۇھىمى شۇكى، پارتىيەمىز ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىيەت داۋامىدا بىر يۈرۈش شەرەپلىك ئەنئەنە ۋە ئېسىل ئىستىلنى يېتىلدۈردى ھەم ئۇنىڭدا چىڭ تۇردى. بۇ شەرەپلىك ئەنئەنە ۋە ئېسىل ئىستىللار پارتىيەمىزنىڭ خاراكتېرى ۋە ئاساسىي مەقسىتىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى، پارتىيەمىزنىڭ باشقا پارتىيەلەردىن پەرقلىنىدىغان روشەن بەلگىسى. پارتىيە خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشى ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، جەزمەن پارتىيەنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى ۋە ئېسىل ئىستىلىنى ئۇزاققىچە ئەۋج ئالدۇرۇشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۈگۈنكى دۇنيادا، 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتى تېز ئۆزگىرىپ تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، دۆلىتىمىز جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاچقۇچلۇق مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ئۇلۇغ تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قولغا كەلتۈرۈلدى، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسى ئوڭۇشلۇق باشلاندى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىز ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا يەنىلا نۇرغۇن قىيىن ئۆتكەل ۋە خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتىمىز. خەۋپ - خەتەر قانچە چوڭ، خىرىس قانچە كۆپ، ۋەزىپە قانچە ئېغىر بولغانسېرى، پارتىيەنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى شۇنچە كۈچەيتىپ، ياخشى ئىستىل ئارقىلىق روھنى ئۇرغۇتۇپ، كۈرەش ئىرادىسىنى قوزغىتىپ، ئوبراز تىكلەپ، خەلق رايىنى ئۇتۇش كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى مەخسۇس تېمىدا ئۆگەندى

# باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ ئىگىلەپ، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك

### چېن چۈەنگو رىياسەتچىلىك قىلدى

### شۆھرەت زاكىر، ۋاڭ جۇنجېڭ قاتناشتى

ئانار بۇلۇت \ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ كوللېكتىپ ئۆگىنىشىنى ئۆتكۈزۈپ، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى مەخسۇس تېمىدا ئۆگەندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو ئۆگىنىش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

شۆھرەت زاكىر، ۋاڭ جۇنجېڭ، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، جاڭ چۇنلىن، ۋاڭ مىڭشەن يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار مەركەزلىك ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش بىلەن مۇزاكىرە قىلىش، پىكىر ئالماشتۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش شەكلىنى قوللىنىپ ئەستايىدىل ئۆگەندى. يىغىندا، چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر، ۋاڭ جۇنجېڭ، شۇ خەيرۇڭ ئۆگىنىش تەسىراتىنى ئالماشتۇردى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىدىكى باشقا يولداشلار ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەشتىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار يازما پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى. كۆپچىلىك بىردەك مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئۆگىنىش ئارقىلىق، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ مول ماھىيەتلىك مەزمۇنىغا بولغان چۈشىنىش ئىگىلىشىمىز يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتى، شىنجاڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش مەسئۇلىيەت تۇيغۇمىز، بۇرچ تۇيغۇمىز، تەخىرسىزلىك تۇيغۇمىز كۈچەيدى. تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىمىزنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىشەنچ، ئىرادىنى چىڭىتىپ، تۆۋەن چەك تەپەككۇرىدا چىڭ تۇرۇپ، كۈرەش قىلىش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتىنى يەنە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈش، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشقا كۈچەپ تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنداق كۆرسەتتى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 113 - قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئاچتى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **لياڭ لىخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 113 - قېتىملىق دائىمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش مەيدان،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

### ئاپتونوم رايون بىرلىك سەپ بۆلۈمى باشلىقلىرى يىغىنى ئاچتى

## شىنجاڭنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەش كېرەك

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **لياڭ لىخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق بىرلىك سەپ بۆلۈمى باشلىقلىرى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، بىڭتۇەننىڭ جىڭۋېيسى ۋاڭ جۇنجېڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## يولداش ماھنۇر قاسىم ۋاپات بولدى

**ئۆز خەۋىرىمىز** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك، 6 - نۆۋەتلىك، 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يولداش ماھنۇر قاسىم كېسەل سەۋەبىدىن داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، 2021 - يىلى 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى سائەت 1دىن 22 مىنۇت ئۆتكەندە ئۈرۈمچىدە 92 يېشىدا ۋاپات بولدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

### چېن چۈەنگو ئاپتونوم رايونلۇق ئورمان باشلىقى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى

# شى جىنپىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئورمان ۋە ئوتلاق بايلىقىنى قوغداش، تەرەققىي قىلدۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك

### شۆھرەت زاكىر، ۋاڭ جۇنجېڭ قاتناشتى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق ئورمان باشلىقى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىن ئېچىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئورمان باشلىقى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئورمان باشلىقى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۆھرەت زاكىر، ۋاڭ جۇنجېڭ، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، جاڭ چۇنلىن، ۋاڭ مىڭشەن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا «ئاپتونوم رايوننىڭ ئورمان باشلىقى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش لايىھەسى» «ئاپتونوم رايونلۇق ئورمان باشلىقى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قائىدىسى» «ئاپتونوم رايونلۇق ئورمان باشلىقى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ خىزمەت تەپسىلىي پىرىنسىپى» «ئاپتونوم رايوننىڭ ئورمان باشلىقلىرى چارلاپ تەكشۈرۈش تۈزۈمى» قاتارلىقلار تەتقىق قىلىنىپ قاراپ چىقىلدى.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئورمان باشلىقى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان مۇھىم، زور تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرما، شى جىنپىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى سىياسىي تەلەپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورمان، ئوتلاق بايلىقىنى قوغداش، تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم تەدبىر. «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، شى جىنپىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تاغ، دەريا، ئورمان، ئېتىز، كۆل، ئوتلاقنى سىستېمىلىق تۈزەش تەلىپى بويىچە، ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، قوغداشنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېشىل تەرەققىيات، ئېكولوگىيە ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈشتە چىڭ تۇرۇپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئورمان باشلىقى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، ئورمان ۋە ئوتلاق قاتارلىق ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ فۇنكسىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، تىرىشىپ گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق دېگەن ئىدىيەنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، ئورمان باشلىقى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇشقا ئائىت تۈرلۈك خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ ياخشى تۇتۇپ، ھەقىقىي تۈردە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ بايلىق ئەۋزەللىكى، كەسپ ئاساسى قاتارلىق ئەمەلىيىتىدىن چىقىش قىلىپ، تەقسىملەش ۋەزىپىسىنى ئىنچىكە ئىشلەش، پۇختا ئىشلەش، سەرخىل ئىشلەش؛ ھەرقايسى جايلارنىڭ ئورمان باشلىقى تۈزۈمى تەشكىلىي سىستېمىسىنى ئورنىتىشقا تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىپ، تۈرلۈك خىزمەت تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يۇقىرى - تۆۋەن جىپسىلاشقان، ماس، يۇقىرى ئۈنۈملۈك تەشكىلىي ۋە تۈزۈم كاپالىتى سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈش؛ خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىپ تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ئاپتونومىيە رايونىمىزنىڭ يېشىللىق ئومۇمىي مىقدارى ۋە ئورمان، ئوتلاق بايلىقى سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، ئېكولوگىيە ئۈنۈمى، جەمئىيەت ئۈنۈمى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ ئورگانىك بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)